# 118101 ـ ئەھلى سۈننە بىلەن شىئە مەزھىپىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمايدۇ

**سۇئال**

شىئەلەرنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىغا كۆرە، سىلەرنىڭ ئەھلى سۈننە بىلەن شىئە مەزھىپىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش پرىنسىپىغا بولغان كۆز قارىشىڭلار قانداق؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

ئەقىدىدە ئوخشاشماسلىق سەۋەبلىك، ئەھلى سۈننە بىلەن شىئەلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولـمايدۇ. ئەھلى سۈننە جامائىتىنىڭ ئەقىدىسى بولسا: ئاللاھنىڭ ۋەھدانىيىتىنى بارلىق ئەمەللەردە نامايەندە قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئىبادەتنى ئىخلاس بىلەن يەككە-يېگانە ئاللاھقا قىلىش ۋە ئۇنىڭ گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرىدە ھېچ ئوخشىشى يوق دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار دۇئادا: كىم بولۇشتىن قەتئيي نەزەر (مەيلى ئۇ ئاللاھقا يېقىن پەرىشتە ياكى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەربولسۇن)، ھېچقاچان ئاللاھنىڭ غەيرىدىن ھاجەتلىرىنى سورىمايدۇ ۋە ئاللاھ تائالا بارلىق غەيبى ئىشلارنى بىلىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ.

ساھابە كىراملارنى (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) سۆيۈش، ئۇلارنىڭ ئابرۇيىنى قوغداش، ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھتىن رازىلىق تىلەش، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەردىن قالسىلا ئەڭ ئەۋزەل كىشىلەر ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش، شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ ئەۋزەلراقى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ،ئۇنىڭدىن كېيىن ئوسمانرەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشبولسا ئەھلى سۈننە جامائىتى ئەقىدىسىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

شىئەلەرنىڭ ئەقىدىسى بولسا: يۇقىرىقىلارنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، بۇ ئىككى ئەقىدىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، خۇددى يەھۇدى بىلەن خرىستىئانلارنى،بۇتپەرەسلەر بىلەن ئەھلى سۈننە جامائىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولـمىغىنىدەك بىر ئىشتۇر. يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، ئەقىدىدىكى ئوخشاشماسلىق سەۋەبلىك، شىئەلەر بىلەن ئەھلى سۈننە جامائىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولـمايدۇ ".